# رەڭدار مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى دەم ئېلىش كۈنلىرىگە ھۆسن قوشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

«بۈگۈن قۇربان ھېيت، كۆپچىلىكنىڭ ئېكسكۇرسىيە قىلىش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى، بىز پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ، ئېكسكۇرسىيەچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي تەشۋىقات - تەربىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ لىپى.

8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، مۇخبىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك شىنخۇا كىتابخانىسى نەنمېن كىتاب سېتىۋېلىش مەركىزىدە بىرىنچى قەۋەتتىن تۆتىنچى قەۋەتكىچە مەيلى ئەدەبىيات تۈرى، ئىجتىمائىي پەن تۈرى، پەلسەپە تۈرى، ئوقۇتۇش كونسۇلتاتسىيە تۈرى رايونى بولسۇن، ياكى ئۆسمۈرلەر رايونى بولسۇن، ھەممىسىدە نۇرغۇن ئوقۇرمەننىڭ توپلاشقانلىقىنى كۆردى. بىر قىسىم ئوقۇرمەنلەر ياكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ياكى پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ، ياكى يەردىلا ئولتۇرۇپ بېرىلىپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى.

شىنجاڭ خەلق تىياتىرخانىسى، خەلق كىنوخانىسى قاتارلىق كىنوخانىلاردا قويۇلۇۋاتقان «يالقۇندىكى قەھرىمان» «سامان يولى دەرس تەكرارلاش سىنىپى» «شىر پادىشاھ» قاتارلىق فىلىملەر نۇرغۇن تاماشىبىننى جەلپ قىلدى. نۇرغۇنلىرى بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ، بىللە كىنو كۆرۈپ، دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ئورتاق خۇشال ئۆتكۈزدى.

ھەر مىللەت ئاممىنىڭ دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش ئۈچۈن، يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئۈرۈمچى شەھىرى «مەن ۋە ۋەتىنىم» باش تېمىسىدىكى يۇرۇشلۇق مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى، كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى مەھەللىلەرگە كىرىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى بىلەن دەم ئېلىش شادلىقىدىن تەڭ ھوزۇرلاندى.

دەم ئېلىش مەزگىلىدە، قومۇل، تۇرپان، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردىمۇ بەس - بەستە تۈرلۈك شەكىلدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئويۇنلىرى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ياكى سۈرەت كۆرگەزمىسى ھەمدە تۈرلۈك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى قاتارلىقلار تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇلۇپ، ھەر مىللەت ئاممىسى خۇشال، مەنىلىك دەم ئېلىش كۈنلىرىدىكى تۇرمۇشنى ئورتاق ئۆتكۈزدى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كەچتە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت سارىيى(گۈزەل سەنئەت سارىيى)نىڭ 14 - مەيدان «پۇقرالار ھەر ھەپتىدە ئويۇن قويۇش چوڭ سەھنىسى» ۋېيمېي ئۇسسۇل سەنئىتى مەركىزىنىڭ ئاساسىي مەيدان ئويۇنىنى كۈتۈۋالدى. «ئۆسمۈرلەر ئىرادىسى» «يۇلتۇزلارنىڭ كۆزى» «قوڭغۇراق ئۇسسۇلى» «جاز چاقماق قىزلار ئەترىتى» «مانا بۇ كوچا ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئېسىل نومۇرلار تاماشىبىنلارغا بىر مەيدان كاتتا ئۇسسۇل زىياپىتى ئېلىپ كەلدى، باللار يا «ئوماق»لىقى، يا «مودا»لىقى بىلەن كېچىلىك نەق مەيداندىن چاڭ چىقىرىپ، مەدەنىيەت كېچىلىكىنىڭ قىزغىن كەيپىياتىنى ئاشۇردى.

شۇ كۈنى كەچتە، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كۈتۈپخانىدا بىر مەيدان «مەن ۋە ۋەتىنىم ــ قاناتلانغان بالىلىق قەلب مەن شەكىل چىقىرىپ، مەن يارىتىمەن» قولدا سىغىز توپىدىن ياساش مۇسابىقە پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، باللار ئۆزىنىڭ بىر جۈپ قولى بىلەن ۋەتەنگە بولغان ئەڭ سەممىي تىلىكىنى ئىپادىلىدى.

كۇچا ناھىيەسىنىڭ ئۇچچۆستەڭ يېزىسى قۇربان ھېيتلىق ئەدەبىيات - سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزدى. ئويۇن «ۋەتىنىم» ناملىق شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىش بىلەن باشلاندى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىلار بەس - بەستە سەھنىگە چىقىپ ماھارەت كۆرسىتىپ، ئانا ۋەتەنگە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى ۋە بەخت تىلەش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

قومۇل ۋاڭ ئوردىسى مەنزىرە رايونى ئاجايىپ قايناق - تاشقىنلىققا چۆمدى، بىر مەيدان چوڭ تىپتىكى تارىخىي ئۇسسۇللۇق تىياتىر «ئېيۇرغول مۇزىكىلىق ئۇسسۇل كۆرىكى» بۇ يەردە 4 - مەيدان سىناق تەرىقىسىدە ئورۇنلاندى. ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن ــ «جاڭ جيەننىڭ ماندات كۆتۈرۈپ تۇمەن چاقىرىم سەپەر قىلىشى . غەربىي يۇرتنى كېزىش» «بۈيۈك خەننىڭ قۇدىلىشىشى . جيې يوۋ مەلىكىنىڭ يىراقتىكى ئۇيسۇنغا ياتلىق بولۇشى» «كاڭشىنىڭ قومۇل قوغۇنى دەپ نام بېرىشى . خۇي ۋاڭنىڭ كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈپ خان مۇپەتتىشنى كۈتۈۋېلىشى». نومۇرلار سەرخىل بولۇپ، نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. گۇاڭجوۋلۇق ساياھەتچى ۋاڭ چېڭپىڭ مۇنداق دېدى: «ئۇسسۇللۇق تىياتىرنى كۆرۈپ بۇ يەرنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە بولغان چۈشىنىشىم چوڭقۇرلاشتى، بۇ قېتىمقى سەپىرىم ھەقىقەتەن ئەھمىيەتلىك بولدى!»

**(مۇخبىرىمىز جاڭ يىڭچۈن، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن دېڭ لىجۇەن، قومۇل مۇخبىرلار پونكىتىدىن ما جىجۇەن يازغان)**

# ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسىنى يېزىدىن چىقماي تۇرۇپلا تولۇقلاپ بېجىرىش، ئالماشتۇرۇش

(بېشى 1 - بەتتە)

كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسىنى تولۇقلاپ بېجىرىشى، ئالماشتۇرۇشى قېيىن بولۇش مەسىلىسىنى چىڭ كۆزلەپ، تېزدىن تەتقىق قىلىپ، ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسىنى تولۇقلاپ بېجىرىش، ئالماشتۇرۇش كەسپىنى بېجىرىشنى ناھىيە بازىرىدىن يېزا - بازارلارغىچە كېڭەيتىش ھەم كونكرېت يولغا قويۇش لايىھەسى، خىزمەت تەرتىپىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئاساسىي قاتلامدا يولغا قويۇشقا قولايلىق ياراتتى.

ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايون ئاساسىي قاتلامدىكى سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئاممىنى مۇلازىمەت ئوبيېكتى قىلىپ، چەت، يىراق يېزا - بازارلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، شايار ناھىيەسى، توقسۇ ناھىيەسى، خوتەن ناھىيەسى، قاراقاش ناھىيەسىدە نۇقتىدا سىناق قىلىش ئاساسىدا، 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ پۈتۈن شىنجاڭدا ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسىنى تولۇقلاپ بېجىرىش، ئالماشتۇرۇشتا يېزىدىن چىقماي تۇرۇپلا بېجىرىش مۇلازىمىتىنى يولغا قويغان. ئىستاتىستىكا قىلىنىشچە، 7 - ئايدىن بۇيان، نۇقتىدا سىناق قىلىنغان تۆت ناھىيە يېزىلاردىكى سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئاممىنىڭ 7000 دىن ئارتۇق ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسىنى يېزىدىن چىقماي تۇرۇپلا تولۇقلاپ بېجىرگەن، ئالماشتۇرۇپ بەرگەن. پۈتۈن شىنجاڭدا يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، مۆلچەرلىنىشچە، ھەر يىلى 300 مىڭغا يېقىن ئاساسىي قاتلامدىكى سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئاممىغا بۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشىدىكەن.

قاراقاش ناھىيەلىك ئىجتىمائىي سۇغۇرتا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى ۋاڭ جيەنجۈننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ ناھىيە ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسىنى تولۇقلاپ بېجىرىش، ئالماشتۇرۇش كەسپىنى يېزىدىن چىقماي تۇرۇپلا بېجىرىش مۇلازىمىتىنىڭ تولۇق قاپلىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئامما ئۆزى تۇرۇشلۇق يېزا - بازاردىكى تور نۇقتىسىغا بېرىپ «بىر بېكەت شەكلى»دە بېجىرىشنى تاماملىغان، ئىلگىرى ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا كارتىسىنى تولۇقلاپ بېجىرىش، ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ قاتراش مەسىلىسى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىنغان.

باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئاممىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۈزىتىش»نى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىشنى مۇھىم مەزمۇنغا كىرگۈزۈپ، تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇش، تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىش - ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، قاتلاممۇ قاتلام ھۆججەت تارقىتىش، قاتلاممۇ قاتلام يىغىن ئېچىشنى قاتتىق كونترول قىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىغا قارىتىلغان ھۆججەت ۋە يىغىن سانىنى زور دەرىجىدە ئىخچاملىدى ھەم كونكرېت نىشاننى ئوتتۇرىغا قويدى: 2019 - يىلى نۇقتىلىق ئىخچاملاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلگەن ھۆججەت سانىنى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 42% ئازايتىش، يىغىننى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 55% ئازايتىش.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 7 - ئايغا قەدەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى تۈزۈپ تارقاتقان ھۆججەتلەرنىڭ سانى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن تۆت ئۆلۈش ئازايغان، ئېچىلغان يىغىن سانى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن يەتتە ئۆلۈش ئازايغان. «بىز ھەقىقىي تۈردە باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىش، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاش، خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە نامايان قىلىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش خىزمىتىدە دەل جايىدا يېنىكلىتىش، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى چى يۈڭفۇ.

# رەيھانگۈلنىڭ تۇرمۇشى مەنىلىك ئۆتمەكتە

(بېشى 1 - بەتتە)

توي قىلغاندا رەيھانگۈلنىڭ ئېرى غوجىئەخمەت ئابدۇقۇددۇس ئازراق ئالتۇن زىبۇ - زىننەت سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغانىدى. رەيھانگۈل «دىنىي قائىدە»دە ئاياللار ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇمى تاقىسا «زاكات» بېرىشى كېرەك، بولمىسا جازالىنىپلا قالماي، كېيىن جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، دېيىلگەنلىكىنى ئەسكە ئالغان. بۇلارنى ئويلاپ، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە تۇيدۇرماي، خۇپىيانە بېرىپ «زاكات» بەرگەن.

شۇ چاغدا مەن ئېزىپتىكەنمەن، مەيلى قانداق نەرسە بولسۇن ‹مۇسۇلمانچە›، ‹مۇسۇلمانچە ئەمەس› دەپ ئايرىيتتىم، ھەتتا چۆگۈن، داس سېتىۋالسامۇ ‹مۇسۇلمانچە› دېگەن بەلگىنىڭ بار - يوقلۇقىغا قارايتتىم.» ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە رەيھانگۈلنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

رەيھانگۈل يەنە ئېرىنى دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا، ناماز ئوقۇشقا مەجبۇرلىغان، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن دائىم مۇشۇ سەۋەبلىك قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالغان. 2016 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى رەيھانگۈل ئېرى بىلەن توي قىلغانلىقىنىڭ ئۈچ يىللىق خاتىرە كۈنىدە، غوجىئەخمەت ئالايىتەن بىر كۆڭلەك سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان. رەيھانگۈل ئۇنىڭ كالتە يەڭلىك كۆڭلەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خاپا بولۇپ دەرھال تاشلىۋەتكەن.

رەيھانگۈلنىڭ بۆلەكچىلا بولۇپ قالغانلىقىغا غوجىئەخمەت چىداپ تۇرالمىغان. بۇزۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئائىلىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، بىرنەچچە قېتىم چوڭقۇر پاراڭلاشقاندىن كېيىن، رەيھانگۈل يېڭىسار ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە قوشۇلغان.

## لاياقەتلىك باشقۇرغۇچى

تەربىيەلەش مەركىزىدە، رەيھانگۈل قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ئاستا - ئاستا قايتا ئويلاندى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئاڭلاش، سۆزلەش، ئوقۇش، يېزىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈردى.

رەيھانگۈل تىككۈچىلىككە بەك قىزىققاچقا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئوقۇشتىن توختاپ قالغاندىن كېيىن، بازاردىكى تىككۈچىلىك دۇكىنىدا بىرنەچچە كۈن شاگىرت بولغانىدى. تەربىيەلەش مەركىزىدە، رەيھانگۈل ئۆزىنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن تىككۈچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگەندى، بۇنىڭ ئىچىدە پەلەي تىكىش تېخنىكىسىمۇ بار ئىدى.

«پەلەي تىكىشتىكى ئەڭ قىيىن باسقۇچ پەلەي يۈزىنى دەل كەلتۈرۈپ تىكىش، دەسلەپتە ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەپلەشتۈرەلمىدىم، ئوقۇتقۇچى ماڭا قايتا - قايتا ئۆگەتتى، دائىم سۆكەتتىم، تىكەتتىم، رەختنى سۆكۈۋېرىپ ئىشلەتكۈسىز قىلىۋېتىپ، يېڭى رەختنى ئېلىپ قايتا تىكەتتىم» دېدى رەيھانگۈل.

رەيھانگۈلنىڭ تىرىشچانلىقى بىكار كەتمىدى، بىر سېختىكى ئىشداشلىرى كۈنىگە تەخمىنەن 50 جۈپ پەلەي تىكسە، ئۇ 80 جۈپ تىكەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى سۈپەت ئۆلچىمىدىن ئۆتەتتى.

بۇ، رەيھانگۈلنىڭ تۇنجى خىزمىتى بولغاچقا، ئۇ ھەسسىلەپ قەدىرلىدى. ئىپادىسى ياخشى، خىزمەت ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇزاق ئۆتمەيلا 3 - سېخنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولدى.

پەلەي زاۋۇتىنىڭ مەسئۇلى يۈ سۈيىيۈننىڭ نەزەرىدە، رەيھانگۈل لاياقەتلىك باشقۇرغۇچى. «رەيھانگۈل بەك قابىلىيەتلىك، پىكىرلىشىشكە، باشقۇرۇشقا ماھىر. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 3 - سېخنىڭ مەيلى مەھسۇلات سۈپىتى ياكى مەھسۇلات مىقدارىدا بولسۇن ھەممىسىدە ئېشىش كۆرۈلدى» دېدى يۈ سۈيىيۈن.

## تۇرمۇشنىڭ تەمى

«دادام، ئاپام ئىشقا باردۇ، مەن يەسلىدە ئوقۇيمەن، يىغلىمايمەن، جېدەل قىلمايمەن، مۇئەللىممگە خەيرلىك سەھەر دەيمەن...» 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئىشتىن يېنىپ ئۆيگە كېلىشىگىلا قىزى يۈگۈرۈپ كېلىپ رەيھانگۈلنىڭ بويىنغا ئېسىلىپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ بەردى. چىرايىدا بەخت جىلۋىلەنگەن رەيھانگۈل قىزىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئۆيىدىكى تېلېۋىزورنىڭ يېنىغا بىر دەستە ئەتىرگۈل تىزىلغانىدى. گۈل شېخى قۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، رەيھانگۈل تاشلىۋېتىشكە ئىزچىل قىيمىدى. «بۇنى بۇ يىلقى توي خاتىرە كۈنىمىزدە غوجىئەخمەت ماڭا سوۋغا قىلغان. ئۇنىڭ ماڭا بىرىنچى قېتىم گۈل سوۋغا قىلىشى بولغاچقا، تەسىرلەنگىنىمدىن يىغلىۋەتتىم.» رەيھانگۈل ئاشۇ بىر دەستە گۈلگە قاراپ تاتلىققىنە كۈلدى، «ئۇ ھازىر مېنى لاياقەتلىك خوتۇن ۋە ئانا دەيدۇ، ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى، ھەتتا تاماق يېگەندىمۇ ئۇ ماڭا قاراپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ».

گەپ ئارىلىقىدا غوجىئەخمەتمۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. «قاراڭ، بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى ئايلىق مائاشىنى ئالغاندىن كېيىن ماڭا قىلغان سوۋغىسى.» غوجىئەخمەت كىيىم ئىشكاپىدىن بىر قۇر قارا رەڭلىك كاستۇم - بۇرۇلكىنى ئېلىپ، ياقىسنى يېنىك سىلاپ قويدى، «ئىلگىرى ئۇ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، مېنىڭ مودا كىيىم كىيىشىمگە يول قويمايتتى. ھازىر ئۇ كىيىنىشنى، ياسىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنە دائىم بازارغا بېرىپ قىزىمىزغا چىرايلىق كۆڭلەكلەرنى ئېلىپ بېرىدۇ».

مائاش تارقاتقاندىن كېيىن، رەيھانگۈل ئېرىگە سوۋغا بېرىپلا قالماي، يەنە قېيىنئانىسىغا 200 يۈەن پارچە خىراجەت پۇلى بەردى، قېيىنئانىسى ئۇنى بەك ئىش ئۇقىدۇ، دەپ ماختاپ كەتتى. بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئىجىل - ئىناق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، رەيھانگۈلنىڭ كۆڭلى ئېللىدى. «دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشى بولمىغاچقا، كۈنلىرىمىز بالدىنمۇ تاتلىق ئۆتۈۋاتىدۇ. مانا بۇ تۇرمۇشتا بولۇشقا تېگىشلىك تەم!» دېدى رەيھانگۈل ھاياجانلانغان ھالدا.

# شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بىلەن كەنتتە تۇرۇش ئۇچراشتى ھايات تېخىمۇ مەنىگە تولدى

**ــــ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىر، ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كېچىگىز كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى شاۋ شياڭلى توغرىسىدا**

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان شەخسلەرنىڭ خىسلىتى

□مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىڭرۇي

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاران بىر دەم ئېلىشنى ئالغان شاۋ شياڭلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ سۇنتاغ يېزىسى كېچىگىز كەنتىدىن بېيجىڭدىكى ئۆيىگە قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كېچىگىز كەنتىدىكى يۇرتداشلارنىڭ غېمىنى يېدى. ئۆيىگە قايتىشتىن بۇرۇن، ئۇ كەنتتىكى 20 نەچچە بالىنى بېيجىڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، ئۆگىنىش قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شاۋ شياڭلى كەنتتىن كەلگەن بالىلارنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، خۇشال ھالدا ئۇنىڭدار دوستلار چەمبىرىكىگە: «بالىلارنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيەنى، ۋەتەننى، ئائىلىنى سۆيىدىغان مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلاردىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يوللىدى.

شاۋ شياڭلى ئاپتونوم رايونلۇق يەرلىك پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كېچىگىز كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى. جۇڭگو بانكىسى سۇغۇرتىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان كادىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ كېچىگىز كەنتىدە بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «كېچىگىز كەنتىدىكى كەچۈرمىشلىرىم ھاياتىمنى تېخىمۇ مەنىگە تولدۇرىدى».

## كەمتەر بولۇپ پۈتۈن كەنتتىكىلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەش

2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، شاۋ شياڭلى ئۈرۈمچىدىن قەشقەرگە ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا چىقىپ، كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى باشلىدى. كېلىشتىن بۇرۇن، ئىلگىرى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسى بولغان دادىسى ئۇنىڭغا: «كەنتتە خىزمەت قىلغاندا كەمتەر بولۇپ، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن ئىچ - قويۇن - تاشقويۇن بولۇشۇڭ كېرەك» دەپ تاپىلىدى.

ئەمدىلا كەنتكە كەلگەن شاۋ شياڭلى ئۆيمۇئۆي كىرىپ زىيارەت قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئوي - پىكرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ دەۋا - تەلەپلىرىنى ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قەلبىگە كىرىش كېرەك.» ئەينى چاغدا، كېچىگىز كەنتى يەنىلا نامرات كەنت ئىدى، قانداق قىلىپ كەنت ئاھالىلىرىنى بالدۇرراق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش شاۋ شياڭلىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئەڭ مۇھىم چوڭ ئىش ئىدى.

كېچىگىز كەنتىدە ئىلگىرى كىچىك تىپتىكى قېتىق زاۋۇتى بار ئىدى، شاۋ شياڭلى كەنتتە تۇرغاندىن كېيىن، بۇ زاۋۇتنىڭ ئۇسكۈنىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بەردى، يەنە كەنتتىكى نامرات ئاھالىلەرنى ئىنەك بېقىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، قېتىق زاۋۇتىنى يۈرۈشتۈردى. ئەلى مەمەت ئەسلىدە كەنتتىكى نامرات ئاھالە ئىدى، ئۇ خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە ئىككى ئىنەك باقتى. ھەر كۈنى سەھەردە، ئۇ بالدۇرلا سۈت سېغىپ قېتىق زاۋۇتىغا ئاپىرىپ بەردى، بۇ ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ مۇقىم كىرىمى بولۇپ قالدى.

كەنتتىكى بېيىش ماھىرلىرىغا ياردەملىشىپ پايپاق زاۋۇتىنى جانلاندۇردى، كارخانا كىرگۈزۈپ كەنتتە نامراتلارنى يۆلەش سېخى قۇردى، يېڭىدىن 101 يۈرۈش ئەمىن ئۆي سالدى، يېڭىدىن ئون كىلومېتىر قاتتىقلاشتۇرۇلغان سېمونت يول ياسىدى، 609 ئائىلىگە تۇرۇبا سۈيى يەتكۈزدى... بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شاۋ شياڭلىنىڭ باشلامچىلىقىدا، كېچىگىز كەنتىدە ئۆزگىرىش بولدى.

2018 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، كېچىگىز كەنتى پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقىشنى ئىشقا ئاشۇردى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چىن كۆڭلىدىن «كومپارتىيە ياخشى» دېگىنىنى ئاڭلاپ، شاۋ شياڭلى ناھايىتى خۇشال بولدى.

## ئاممىنى ئائىلە كىشىلىرىدەك كۆرۈش

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، كېچىگىز كەنتىدە سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى، كەنتتىكى توپ تۇتاش كەتكەن ئولتۇراق ئۆي رايونىدا كۆلچەك سادالىرى ياڭرايتتى. شاۋ شياڭلى ئالاقىلەشكەن سۇغۇرتا شىركىتى بۇ يەردە يول چىرىغى ئىئانە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. كىشىلەر توپى ئىچىدىكى 65 ياشلىق خەلچىگۈل توختىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى، ئۇنىڭ يېڭى ئۆيى مۇشۇ يەردە بولۇپ، يېڭىدىن بېزەلگەن ئۆيىدە تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ، بۇستارتقۇ قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تولۇق ئىدى، موماي پەخىرلەنگەن ھالدا: «بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بېيجىڭلىق ئوغلۇم ماڭا ياردەم قىلىپ تەييارلاپ بەردى» دېدى.

خەلچىگۈل تىلغا ئالغان «بېيجىڭلىق ئوغلى» دەل شاۋ شياڭلى ئىدى. 2017 - يىلى، ئۇلار تۇغقان بولدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزۈلمەس رىشتە ئورنىتىلدى. بۇلتۇر، كەنت سالغان توپ تۇتاش ئولتۇراق رايون پۈتكەندىن كېيىن، كەنت ئاھالىلىرى ئارقا - ئارقىدىن يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، بىراق خەلچىگۈلنىڭ بېزەشكە پۇلى بولمىغاچقا، يەنىلا كونا ئۆيىدە تۇرۇۋەردى. شاۋ شياڭلى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يىغىپ قويغان 20 مىڭ يۈەن پۇلىنى چىقىرىپ، خەلچىگۈلنىڭ ئۆيىنى بېزەپ بېرىپ، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، موماينى يېڭى ئۆيگە ئۇڭۇشلۇق كۆچۈرۈپ كىردى. مومايىنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، شاۋ شياڭلىنى ئوغۇل قىلىۋالدى.

كېچىگىز كەنتىدە 3800دىن ئارتۇق ئادەم بولۇپ، شاۋ شياڭلى ئۈچتىن بىر قىسىم كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىسمىنى بىلىدۇ. ئۇ ئۆزىگە مۇنداق بىر تەلەپ قويدى: ئاممىنى ئائىلە كىشىلىرىدەك كۆرۈش، ئاممىنىڭ دەۋا - تەلەپىنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشى دەپ بىلىش.

## چىن مېھرىنى بېرىپ بەختكە ئېرىشىش

شاۋ شياڭلى كەنت ئاھالىلىرىنى ئائىلە كىشىلىرىدەك كۆردى، كەنت ئاھالىلىرىمۇ ئۇنى قەلب تۆرىگە قويدى. ئۇ مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەردى: بۇلتۇرنىڭ بىر كۈنى، ئۇ كەنت ئاھالىسى ئېزىز يۈسۈپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ زىيارەت قىلغان، ئېزىز ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ھويلىدىكى بىر تۈپ شاپتۇل دەرىخىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «شاۋ شۇجى، بۇ دەرەختىكى شاپتۇلنى سىزگە ئېلىپ قويدۇم، پىشقاندا كېلىپ يەپ كېتەرسىز». شاۋ شياڭلى مۇنداقلا كۈلۈپلا قويۇپ، بۇ ئىشنى ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتى. ئويلىمىغان يەردىن شاپتۇل پىشقاندىن كېيىن، ئېزىز راستىنلا شاۋ شياڭلىغا تېلېفون قىلىپ ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغان. شاۋ شياڭلى كېلىپ قارىسا ھويلىدىكى باشقا دەرەخلەردىكى شاپتۇلنىڭ ھەممىسى ئۈزۈلۈپ بولغان، پەقەت ئاشۇ دەرەختىكى شاپتۇلنىڭ بىرىمۇ ئۈزۈلمىگەنىدى. بۇ ئىش تىلغا ئېلىنىۋىدى، شاۋ شياڭلى تەسىرلەنگەن ھالدا: «شۇ دەقىقىدە مەن ناھايىتى بەخت ھېس قىلدىم!» دېدى.

كەنتتىكى يەسلىگە كىرگەندە، باللار دەرھال ئۇنى ئورىۋېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ياخشىمۇ سىز، 1 - شۇجى!» دەيتتى. يولدا مېڭىۋاتقاندا ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىدىغان كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مېۋە - چېۋىلىرى پىشقاندا، دائىم خالتىغا سېلىپ خىزمەت ئەترىتىگە ئېلىپ كېلىپ، شاۋ شياڭلى ۋە خىزمەت ئەترىتىدىكىلەرنىڭ تېتىپ بېقىشىغا سۇناتتى...

بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، شاۋ شياڭلى ئۆزىنى كېچىگىز كەنتىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ بىلدى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق كېچىگىز كەنتىدە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ھېس قىلىمەن».